چېن مېيلىن



# قەدىمىي داچىدىكى مۇھەببەت

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

# قەدىمىي داجىدىكى مۇھەببەت

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل روزى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

بۇ كىتاب جۇڭگو ئەدەبىيات ـ سەنئەتچىلەر بىرلەشمىسى نەشرىيات شىركىتىنىڭ 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ نەشرى 1995 ـ يىل 11 ـ ئاي 1 ـ باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى .

本书根据中国文联出版公司1995年11月第1版,1995年11月第1次印刷本翻译出版.

مەسئۇل مۇھەررىرى : مەريەم مەمتىمىن

مۇقاۋىسىنى لاھىيىلىگۈچى : ئەكبەر سالىھ

# قەدىمىي داچىدىكى مۇھەببەت

ئاپتورى : چېن مېيلىن

تەرجىمە قىلغۇچى : پاتىگۈل روزى

*

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلدى
( ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 №)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ ئىشچىلار ۋاقىت گېزىتى باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
فورماتى :1168×850 مىللىمېتىر1/32
باسما تاۋىقى :8 قىستۇرما ۋارىقى : 2
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2001 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
تىراژى : 3,000 — 1
ISBN7—228—06398—8/I • 2372
باھاسى : 10.00 يۈەن

图书在版编目(CIP)数据

古宅情深/陈美琳著;帕提古丽·肉孜译.—乌鲁木齐:新疆人民出版社,2001.5

(紫色梦幻系列)

ISBN7—228—06398—8/I.2372

Ⅰ.古… Ⅱ.①陈…②帕… Ⅲ.长篇小说—中国—当代—维吾尔语(中国少数民族语言) Ⅳ.1247.5

中国版本图书馆CIP数据核字(2001)第23704号

**古宅情深**(维吾尔文)

陈美琳　著

帕提古丽·肉孜　译

---

新疆人民出版社出版

(乌鲁木齐市解放南路348号 邮政编码830001)

新疆新华书店发行

新疆工人时报印刷厂印刷

850×1168毫米 1/32开本　8印张　2插页

2001年6月第1版　2001年6月第1次印刷

印数:1—3,000

---

ISBN7—228—06398—8/I·2372定价10.00元

# ئاپتورنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

چېن مېيلىن تەيۋەنلىك مەشھۇر ئايال يازغۇچى. 1967 ـ يىلى 3 ـ ئاينىڭ 17 ـ كۈنى تۇغۇلغان. مەخسۇس كىيىم ـ كېچەك لايىھەلەش كەسپىدە ئوقۇغان. كىچىكىدىن تارتىپلا كىتاب ئوقۇشقا، مۇزىكا ئاڭلاشقا ھېرىس بولۇپ، ئىنتىنى بەكمۇ ياخشى كۆرەتتى.

ئوچۇق مىجەز، خۇش ـ چاقچاق، چىقىشقاق بۇ ئايال يازغۇچىنىڭ ھازىرغىچە 20 پارچىدىن ئارتۇق رومانى نەشر قىلىندى. ئۇ تەيۋەن ئەدەبىيات ـ سەنئەت سەھنىسىدە چاقنىغان بىر نۇرلۇق يۇلتۇز



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

# 1

فالڭ لىفەن ئىشخانىدا ئۇدۇلىدىكى بوش تۇرغان كاتىپ ئۇرنىغا بىر هازاغىچە قاراپ ئولتۇردى . ئاندىن بىزار بولغاندەك كۆزلىرىنى باشقا ياققا يۆتكىدى . هېچكىم كاتىپقا ئۇنىڭدەك موهتاج بولمىسا كېرەك .

هازىر فالڭ جەمەتى كارخانىسى كېڭىيىۋاتىدۇ . ئىشلار ئۇنىڭ چېچىدىنمۇ تولا . شۇڭا ئۇ — فالڭ جەمەتى كارخانىسىنىڭ باش مۇدىرى بىر قانچە كۈندىن بېرى قېنىپقىنا ئۇخلىمىدى . كىممۇ بىر كاتىپقا ئۇنىڭدىنمۇ بەكرەك موهتاج بولسۇن ؟

هېچكىم ، ئاناڭنى ، بۇ ئورۇن قاچانغىچە شۇنداق بوش تۇراركىن ؟

مۇشۇلارنى ئويلاپ فالڭ لىفەننىڭ ئاچچىقى كېلىپ قويۇقا چاچلىرى تىكلىشىپ كەتتى . توساتتىن ئىشىك قاتتىق چېكىلىپ ، ئارقىدىنلا جۇ ۋېيمىن ئۇچقاندەك كىرىپ كەلدى ۋە ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ :

— هوي ئاغىنە ! راستتىنلا شۇنداق قىلماقچى بولۇۋاتمايدىغانسەن ؟ — دەپ ۋارقىرىغاندەك سورىدى .

فالڭ لىفەن ئىشىك چېكىلگەندىلا ئۇنىڭ كىملىكىنى پەرەز قىلىپ بولغانىدى . جۇ ۋېيمىندىن باشقا يەنە كىممۇ ئۇنىڭ ئىشىكىنى مۇشۇنداق چېكەلىسۇن ؟

— ئاۋۋال ئىشىكنى يېپىۋەت . سەندەك بىر باش دېرىكتورنىڭ ماڭا ئوخشاش باش مۇدىرغا قوللىرىنى شىلتىپ ، ۋارقىراپ سۆزلىگىنىنى باشقىلار كۆرسۇن ، يۈزى تۆكۈلسۇن دەمسەن ؟ — دېدى فالڭ لىفەن كۈلۈمسىرەپ .

جۇۋېيمىن ئىتتىك بېرىپ ئىشىكنى ياپتى ـ دە ، دەرهال قايتىپ كەلدى .

— سەن راستلا ئاشۇ داچىنى سېتىۋالماقچى بولۇۋاتامسەن ؟
— شۇنداق .
— ئالجىپ قالدىڭمۇ ، — جۇ ۋېيمىن چېچىلىپ كەتتى ، — داچىغۇ چوڭكەن . بىراق ئورنى ياخشى ئەمەس ، ئۇنىڭ ئۇستىگە ئىنتايىن كونا ، چى فامىلىلىك ئەبلەخ تېخى ئۇنىڭغا 50 مىليون باھا قويدى . بۇ ئادەمنى بوزەك ئەتكەنلىك ئەمەسمۇ ؟ مەن ئۆز قۇلىقىمغا ئىشەنمەي تۇرسام . كىم بىلسۇن ، سەن بۇ باھاغا ئالماقچى بوپسەن . ئاغىنە ، سەن ئەزەلدىن زىيان تارتىدىغان سودىنى قىلمايتتىڭ . بۇ قېتىم زادى نېمە بولدۇڭ ؟

جۇ ۋېيمىن شۇنچە كايىپ سۆزلەپ كەتسىمۇ ، فاڭ لىفەن پەرۋاسىز ھالدا كۈلۈپ تۇراتتى . ئەمەلىيەتتە بۇ ئىككىيلەننىڭ ئوتتۇرىسىدا يۇقىرى - تۆۋەنلىك مەۋجۇت ئەمەس ئىدى . بۇ ئىككىسى ئالىي مەكتەپتە ساۋاقداش ئىدى . ھازىر بىللە ئىشلەيتتى . بىر تۇغقان قېرىنداشلاردىنمۇ يېقىن ئىدى . شىركەت يېڭى قۇرۇلغان جاپالىق شارائىتتا جۇۋېيمىن شىركەتكە كىردى . جاپادىمۇ - ھالاۋەتتىمۇ ئۇنىڭ بىلەن بىللە بولدى . ھازىر ھەممە ئىش ئىزىغا چۈشۈپ ، كارخانا نۇرغۇن تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى . ئۇلار ئوتتۇرىسىدىكى دوستلۇقمۇ شۇنىڭغا ئېگىشىپ تېخىمۇ چىڭىدى !

شۇنداق بولغاچقىمىكىن فاڭ لىفەن باش مۇدىر ، جۇ ۋېيمىن باش دېرىكتور بولسىمۇ ، نەدىلا بولمىسۇن بىر بىرىنىڭ ئىسمىنىلا ئاتىشاتتى . بۇ ھەممە ئادەمگە ئايان ئىدى .

دوستىنىڭ ئېھتىياتچانلىقىغا ، ئۆزىنى باسالماي قالغىنىغا فاڭ لىفەننىڭ كۈلگىسى كەلدى .

— ھەي ، ئۆزۈڭنى بېسىۋال . سېتىۋالدىغىنىم ناھايىتى بىر داچىغۇ ، قارا سېنىڭ جىددىيلىشىپ كەتكىنىڭنى .

— ئۆزۈڭنى بېسىۋال ؟ سەن شۇنچە كۆپ پۇل خەجلەپ ئاشۇنداق بىر كونا داچىنى سېتىۋالىمەن دەۋاتساڭ . مەن قانداقمۇ ئۆزۈمنى بېسىۋالالايمەن ؟ ئاغىنە ، پۇل تاپماق ئۇنچە ئوڭاي ئەمەس . دۇرۇس ،

پۇل ئۆزۈڭنىڭ ، قانداق خەجلىگىڭ كەلسە شۇنداق خەجلەيسەن . لېكىن سەندىن سوراپ باقاي ، ئەس هوشۇڭ جايىدىمۇ ـ قانداق ؟ كېيىن پۇشايمەن قىلىپ تۇسمىدىڭ ، دەپ مەندىن رەنجىپ يۈرمە جۇمۇ .

— خاتىرجەم بول ، ئەس ـ هوشۇم جايىدا .

— ئەمىسە نېمىشقا باشقىسىنى سېتىۋالمايسەن ؟ — سورىدى جۇ ۋېيمىن چۈشەنمەي ، — 50 مىليون دېگەن ئورنى ياخشى ، يېڭى ، ھەتتا شۇنىڭغا ئوخشاش چوڭلۇقتىكى داچىنى سېتىۋېلىپ ئاشىدىغان پۇل تۇرسا ، نېمىشقا سەن . . .

فاڭ لىفەن قول ئىشارىتى بىلەن ئۇنىڭ گېپىنى بۆلدى :

— ئەلۋەتتە ، مېنىڭمۇ ئويلىغانلىرىم بار ، — دېدى .

— گەپنى ئوچۇقراق دېسەڭ قانداق ؟

— ۋاقتى كەلگەندە ، ساڭا ئالدىرىماي چۈشەندۈرۈپ قويىمەن .

جۇ ۋېيمىن ئاچچىقلانغان هالدا :

— ئىختىيارىڭ . ئۆزۈڭنىڭ نېمە ئىشلارنى قىلىۋاتقانلىقىڭنى بىلسەڭلا بولىدىغۇ . ئىشىمنىڭ كۆپلىكىدىن سەن بىلەن تالىشىپ ئولتۇرىدىغان چولام يوق ، — دەپلا ئىشىككە قاراپ ماڭدى .

— ئىشىم كۆپ ؟ مېنىڭدىنمۇ كۆپمۇ ؟ — فاڭ لىفەن ئۇدۇلدىكى بوش ئورۇنغا قاراپ خورسىنىپ قويدى . ئاندىن بىر ئىش ئېسىگە كەلگەندەك ئۇنى چاقىرىۋالدى .

— ئاغىنە بېرى كەلگىنە .

— نېمە ئىش ، ئالدىراۋاتقانلىقىمنى كۆرمەيۋاتامسەن ؟ — جۇ ۋېيمىننىڭ كەيپىياتىدىن نارازىلىق چىقىپ تۇراتتى ، — ئىش بولسا تېزراق دېگىن .

— ئاغىنە ، سېنىڭ كاتىپىڭ . . . توي قىلىپ باللىق بولۇپ بولدىغۇ ؟

— شۇنداق ، — جۇ ۋېيمىن بۇنى سوراپ نېمە قىلدىكىنە دېگەندەك گۇمان نەزەرى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ قويدى .

— ئۇ كېلىپ مېنىڭ كاتىپلىقىمنى قىلسا ، سەن باشقا بىر كاتىپ

تاپساڭ قانداق ؟

— نېمە ؟ — جۇ ۋېيمىن ۋارقىرىۋەتتى ھەمدە باياتىندىن بېرى ئۆزى دىققەت قىلمىغان بوش ئورۇنغا قارىدى .

— سېنىڭ كاتىپىڭ قېنى ؟ تېخى تۈنۈگۈن ئىشتىن چۈشكەندە كۆرگەنتىمغۇ ؟

فاڭ لىفەن نېمە ئامال دېگەندەك مۈرىسىنى قىسىپ قويدى .

— يەنە شۇنداق بولدىمۇ ؟ — جۇ ۋېيمىن .

فاڭ لىفەن ئاچچىق كۈلۈپ بېشىنى لىڭشىتتى .

جۇ ۋېيمىن پېشانىسىگە بىرنى ئۇردى :

— پەرۋەردىگارىم ، ئاياللار سېنىڭ كارۋىتىڭغا چىقىشقا نېمانچە ئىنتىزاردۇ ؟ تەيۋەندە قەددى ـ قامىتى كېلىشكەن ، پۇلدار ئەرلەر تۈگەپ كەتتىمىكىنە ؟ — ئۇ فاڭ لىفەنگە قولىنى شىلتىپ دېدى ، — خۇيۇڭنى ئازراق بولسىمۇ ئۆزگەرتكىن . ئۇنداق قاپىقىڭدىن مۇز ياغدۇرۇپ تۇرساڭ ئاياللارنى چۆچۈتىۋېتىسەن . بۇنى نېمشقا ئۆگىنەلمەيدىغانسەن .

— سەن مېنى ئۆزۈڭگە ئوخشاش دائىم چىشىنىڭ ئېقىنى چىقىرىپ ھىجىيىپ يۈر دەمسەن ؟

— بۇ تۇرقىڭدىغۇ ئۇنداق ئىشلارنى ئۆگىنەلمەيدىغان ئوخشايسەن . يەنە كېلىپ مېنىڭ بۇنداق بولغىنىمنىڭ نېمىسى يامان ؟ ھېچ بولمىغاندا قىزلار مەندىن بىزار ئەمەس . مېنى تەلۋىلەرچە قوغلىشىدىغانلارمۇ يوق . بۇرادەر ! ئوچۇق ـ يورۇقراق بولساڭ قانداق . ئۇلار بىلەن سالاملاش ، مۇڭداش ، شۇ ئارقىلىق ئۇلارنىڭ ئۆزۈڭگە بولغان خام ـ خىياللىرىنى بەربات قىلىۋەت .

— ئۇ چاغدا ئەھۋال تېخىمۇ چاتاق بولمامدۇ . سالاملىشىمەنما ؟ مۇڭدىشىمەنما ؟ مېنىڭ ھەتتا ئۇلارنى كۆرسەممۇ ئاچچىقىم كېلىدۇ . ئۇلار قاچان قارىساڭ بىردەم ئەينەككە قاراۋاتقان ، بىردەم چاچ تۈزەۋاتقان . گويا مېنىڭ پۇلۇمنى بىكارغا ئېلىپ دەم ئېلىش ئۆتكۈزۈۋاتقاندەكلا . مېنى ئۇلار بىلەن مۇڭداشقىن دېسەڭ ، ئۆزۈمنى بېسىۋالالماي سەت گەپلەر بىلەن تىللاپ كېتەمدىمكىن ـ تاڭ .

— بۇنداق قىلساڭ قانداق بولىدۇ . ھازىرقى ئايالىلارنىڭ قايسى بىرى شۇنداق ئەمەس ؟ ئىشقىلىپ تاپشۇرغان ئىشىڭنى ئاقسىتىپ قويماي ئۆز ۋاقتىدا قىلسىلا بۇنداق قوپاللىق قىلىشىنىڭ نېمە ھاجىتى ؟ — جۇ ۋېيمىن خورسىندى ، — مۇبادا سەن ئۇلارنىڭ ئارقاڭدىن سېنى « ليۇدېخۇا » ، « گو فۇچېڭ »[①] لار بىلەن سېلىشتۇرىدىغانلىقىنى بىلسەڭزە ، ئاچچىقىڭدا ھوشۇڭدىن كېتىدىغان ئوخشايسەن .

فاڭ لىفەن ناھايىتى قوپال ، ھەتتا ئۇزۇندىن بېرى ئاغزىغا ئېلىپ باقمىغان سەت گەپتىن بىرنى قىلىۋەتتى .

— قارىغاندا ئۇلار بەكلا « ئەركىن » لىشىپ كەتكەن ئوخشىمامدۇ ؟

— بولىدىلا ، خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئالتە ياشتىن يۇقىرى ، 80 ياشتىن تۆۋەنلىرىنىڭ قايسى بىرىنىڭ چوقۇنغۇچىسى يوق . ھەرقانچە توسقىنىڭ بىلەنمۇ بىكار ، — دەپ كۈلۈپ كەتتى جۇ ۋېيمىن .

— سېنىڭ كاتىپىڭنى يۆتكەيمەن دېيىشىمدىكى سەۋەبمۇ شۇ ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ ئائىلىسى ، بالىسى بولغاندىكىن ، ماڭا يېپىشىۋالماس دەيمەن ، — دېدى فاڭ لىفەن ئۇلۇغ - كىچىك تىنىپ .

— گېزىتكە ئېلان چىقىرىپ يەنە بىرنى تاپساڭ . . .

— ماڭا رەھىم قىلغىن ، مەن بۇرۇنلا جاق تويغان . ئادەمنىڭ ئالسى ئىچىدە ، ھايۋاننىڭ ئالسى تېشىدا دېگەندەك ، تۇرقىدىن دۇرۇستەك كۆرۈنگىنى بىلەن قوبۇل قىلىپ بولغاندىن كېيىن يېڭى قىلىقلارنى چىقىرىدىكەن . تېشى پال - پال ، ئىچى غال - غال دېگەن شۇدە .

— شۇڭا ماڭا كۆچۈك يېتىپتۇ - دە ؟ — دېدى جۇ ۋېيمىن ئاغرىنغان ھالدا ، — لو ھەدىنىڭ بۇ ئىشنى قىلىۋاتقىنىغا خېلى يىللار بولدى ، ھەممىنى بەش قولدەك بىلىدۇ . ھېچنېمىنى بىلمەيدىغان بىرسىگە يېڭى باشتىن ئۆگەتكىلى تۇرسام ماڭمۇ ئوۋال ئەمەسمۇ . سەن ھەدېسىلا تەييارغا ھەييار بولۇپ مېنى جاپادا قويىسەن . مېنى زادىلا قېرىندىشىڭ قاتارىدا كۆرمەيدىكەنسەن .

---

① داڭلىق ناخشا چولپانلىرى .

— مېنىڭ باش قېتىنچىلىقىمنى ئۆزۈڭمۇ بىلىسەنغۇ . ماڭا بىر ياردەم قىلىۋەت ، قانداق ؟

— سەن دېگەن خوجايىن . مېنىڭ « ياق » دېيىشكە بېشىم ئونـ‍مىدى ؟ بىراق لو ھەدە كېلىپ سېنىڭ كاتىپلىقىڭنى قىلسا ، ۋەزىپىسى ئۆستۈرۈلگەنگە باراۋەر بولىدۇ . ئۇنداقتا سەن ئۇنىڭ ئىش ھەققىنى تەكشەپ بېرىشىڭ كېرەك .

— ئەلۋەتتە شۇنداق قىلىمەن ـ دە ، — دېدى فاڭ لىفەن بېشىنى لىڭشىتىپ .

— يەنە . ئالاھىدە ئەھۋال بولۇپ قالمىسىلا ئۇنى ئىسمىنى قوشۇپ ئىشلەتسەك بولمايدۇ .

— بۇ . . .

— ھەي ! ئۇ دېگەن كەسىپ ئەھلى ، ھەم ئائىلىسى بار ئايال . ئەگەر سەن ئۇنى تەكشىسلىقتا قويساڭ ، ئۇ كېتىپ قالسا ، ئۆزۈڭ جاپادا قالارسەنمىكىن .

— بولىدۇ ، بولىدۇ . سېنىڭ دېگىنىڭچە بولسۇن . مېنى قورقۇتـ‍مساڭ قانداق ؟ ئۇ قاچان بۇياققا كېلىدۇ ؟

— ئىشقىلىپ مەن ئادەم تېپىپ ئىشلارنى ئۆتكۈزۈۋالغاندىن كېـ‍يىن كېلىدۇ ـ دە .

— ئۇنـداقتا قانچىلىك ۋاقىت كېتەر ؟ سەندىن ئۆتۈنۈپ قالاي ئىـشلىرىڭنى تېزرەك تۈگەتكىن . بۇياقتىكى ئىشلار تاغدەك دۆۋىلىنىپ كەتتى .

جۇ ۋېيمىن نارازى بولغان قىياپەتتە :

— بـۇنىڭغا مېنىڭمۇ ئامالىم يوق . ئىلاج قىلىپ تېزرەك ئادەم تېـ‍پىشنىڭ يولىنى قىلارمەن . بۇ بىرنەچچە كۈن ئازراق جاپا چېكىدىغان بولدۇڭ ، — ئۇ گېپىنى تۈگىتىپلا ، شوخلۇق قىلىپ ھەربىچە چاس بېـ‍رىپ قويۇپ ، چىقىپ كەتتى .

فـاڭ لىفەن نائىلاج بېشىنى چايقىدى . ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا شۇ نـەرسە ئايان ئىدىكى ، ئۇ قانچىكى قىيىن ئەھۋالدا قالسا جۇ ۋېيمىن دېـ‍



此为试读,需要完整PDF请访问: www.ertongbook.com

گەن بۇ كاساپەت شۇنچە خۇشال بولۇپ كېتەتتى . ھەي ! زادى كىم خوجايىنكىنە !

× × ×

كې ۋېنۆبىن ئادۋوكاتلىق ئورنىدىن چىقىپ ، شامالغا قارشى ماڭ- ماقتا . ئۇ كۆڭلىنىڭ كۆتۈرۈلۈپ قالغانلىقىنى ياكى ئازابلىنىۋاتقانلىقىنى ئۆزىمۇ دەپ بېرەلمەيتتى .

مانا ، ھەممىسى تۈگىدى ، ئۇ غەيرەتكە كېلىپ كۆڭۈلسىز تۇر- مۇش قەپىسىدىن قۇتۇلۇپ ئاخىر ئازادلىققا چىقتى .

خەق نېمە دېسە دەۋەرسۇن ئۇ نېمىشقا ئىشلىرىدا ئۇتتۇق قازانغان ، قىچقارسا ئېتى ، تۇتسا سېپى بار ئاشۇنداق ئەردىن ئايرىلىپ كېتىدۇ ؟ ئەلۋەتتە ، خې گۇاڭدا كۆرۈنۈشتە كىشىلەرگە ياخشى تەسىر بېرىشكە ئۇستا ، بىراق كىممۇ ئۇنىڭ ھەقىقى ئەپت ـ بەشىرىسىنى كۆرەلسۇن ؟ يەنە كىممۇ ۋېنۆبىننىڭ دەرد ـ ئەلەمدىن پارە ـ پارە بولۇپ كەتكەن يۈ- رىكىنى كۆرەلسۇن ؟

ئۇنىڭ ھازىر ھېچ نەرسىسى قالمىدى . يەنە نېمە ئۈچۈن باش- قىلارنى دەپ ئۆزىنى قۇربان قىلىدۇ ؟ ئۇ تۈپتۈز قورسىقىنى سىلىغۇدى ، كۆز ياشلىرى خۇددى يىپى ئۈزۈلگەن مارجاندەك ، كىيىملىرىگە تۆ- كۈلدى . بىچارە بالام بۇ دۇنياغا كۆز ئېچىشقا قادىر بولالمىدىڭ ، ھەم- مىسى ئاپاڭنىڭ سەۋەنلىكى ، ساڭا ياخشى بىر دادا تېپىپ بېرەلمىدىم . . .

ماگىزىن ئەينىكىدىن ئۇنىڭ چىرايى كۆرۈندى . تاتارغان ، ياش بىلەن نەمدەلگەن يۈزى ئىنتايىن سۇلغۇن . قىسقىغىنا بىر يىللىق كۆ- ڭۈلسىز تۇرمۇش ئۇنى ئۇزۇن ياش قېرىتىۋەتكەندەك ئىدى . بۇنى كىمدىن كۆرۈش كېرەك ؟ بۇنى پەقەت ئۆزىنىڭ ساددىلىقىدىن ، شېرىن ـ شىكەر ياغلىما سۆزلەرگە ، بۇزۇلغان ۋەدىلەرگە ئىشىنىپ كەتكەنلىكىدىن كۆ- رۈش كېرەك ، بوپتۇ . دەريادىن ئۆتكەن كېمىنىڭ ئىزى قالمايدۇ . بۇ پەقەت بىر قېتىملىق قاباھەتلىك چۈش بولۇپ قالسۇن .

ئۇ ھەممە كۆڭۈلسىزلىكىنىڭ تۈگىگەنلىكىدىن خۇشال بولۇشى

كېرەك . ئۇ خې گۇاڭدانىڭ تۇرمۇش قەيسىدىن قۇتۇلۇپ چىقالىغان-
كەن ، پەقەت جىسمانىي جەھەتتىنلا ئەمەس ، مەنىۋى جەھەتتىنمۇ ئۆزىنى
تىرىشىپ ساغلاملاشتۇرۇشى كېرەك . ئۇ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە
ياخشى ياشىشى ، ئۇرۇق - تۇغقان ، دوست - بۇرادەرلىرىگە ، ئۆزىنىڭ
قارارىدىن قىلچە پۇشايمان قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرۈپ قويۇشى كېرەك .
كې ۋېنۋېن شۇلارنى خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ئالغا قاراپ ماڭدى ،
كۆزلىرىدىن قەتئىيلىك ، ئۈمىد ئۇچقۇنلىرى چاقنىدى ، قەدەملىرى تې-
خىمۇ تېزلەشتى .

× × ×

بۇ ، شەھەر سىرتىغا جايلاشقان بىر قەدىمىي داچا ، ئىلگىرى بىر
نەچچە قېتىم سىرلىنىپ ، زىننەتلەنگەن بولسىمۇ ، ھازىر سىرلىرىنىڭ
رەڭگى ئۆچۈپ كەتكەن . ئىسمىنى بىلىپ بولمايدىغان ئۆسۈملۈكلەر يا-
مىشىپ يېشىل تۈسكە كىرگۈزۈپ قويغانىدى . كەڭرى قورودا بىر تۈپ
قېرى دەرەخ بولۇپ ، بۈك - باراقسان شاخ - يوپۇرماقلىرى خۇددى
كۈنلۈكتەك يېيىلىپ ، كۈن نۇرنى توسۇپ ، ھەممە يەرگە سايە تاشلاپ
تۇراتتى . بىر ئايال يۈگۈرگىنىچە چىقىپ دەرۋازىنى ئاچتى ۋە سىرتقا
قاراپلا خىجالەت بولغان ھالدا :
— خېنىم سىز . . . سىز يەنە كۆچۈك ئېلىپ كەلدىڭىزمۇ ؟ بېگىم
تازا خاپا بولىدىغان بولدى - دە ، — دېدى .
چى شياۋيىن ئۇچىسىغا ئاق كوپتا ، پادىچى شىمى كىيىۋالغان
بېشىنىڭ چوققىسىغا چىقىرىپ بوغۇۋالغان سۇمبۇل چاچلىرى يەلكىسىگە
يېيىلىپ يەلپۈنۈپ تۇراتتى . ئۇ خۇددى ھېچ نەرسىنى ئاڭلىمىغاندەك
ئىشىكتىن كىرىپ كەتتى . چىرايىدىن مەنىستىمەسلىك ، پەرۋاسىزلىق
چىقىپ تۇراتتى .
— خېنىم . . .
— خاتىرجەم بولۇڭ ۋاڭ ئانا ، دادامنىڭ ماڭا قارىغۇدەك چولىسى

يوق ، ــ دېدى چى شياۋيىن ئۆزايىدىن تەشۋىش چىقىپ تۇرغان ۋاڭ ئانىغا قاراپ .

ــ خېنىم ، ھازىر ئۆيدىكى ئىنتلارمۇ ئۇن نەچچە بولۇپ كەتتى . يېقىندىن بېرى بېگىمنىڭ كەيپىياتى ياخشى ئەمەس ، ئاچچىقىمۇ بەكلا يامان . ھەدىسىلا بۇ ئىنتلارنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىڭ دەيدۇ . ئەمدى سىز يەنە بىرنى ئېلىپ كەپسىز ، مېنىڭ ئەنسىرەيدىغىنىم ، بېگىم ئۇ . . .

ــ ئەنسىرىگۈدەك نېمە ئىش بار ؟ ئۇرامدۇ ، تىللامدۇ ئىختىيارى ، ئىنتلىرىمنى قوغلىۋېتىدىغان بولسا ، مېنىمۇ قوشۇپ ھەيدەپ چىقارسۇن . پەرۋايىم پەلەك .

ــ خېنىم . . .

ــ بولدىلا ، مەن ئۇستىگە چىقىپ كۆچۈكنى يۇيۇپ قوياي ، دادام ئۇ . . . تاماقتا كېلەمدۇ ؟

ۋاڭ ئانا بېشىنى چايقىدى :

ــ بېگىمنىڭ دېيىشىچە پۈتمىشىدىغان سودا ئىشى باركەن . تاماقتا كېلەلمەيدىغان ئوخشايدۇ . خېنىم ، نېمە يېگىڭىز بار ؟ ئېتىپ بېرەي .

ــ بولدى ، قورسىقىم ئاچمىدى ، ــ چى شياۋيىن ئۆيگە قاراپ ماڭدى .

ۋاڭ ئانا ئۇنىڭ ئارقىسىدىن كېلىۋېتىپ :

ــ خېنىم يەنە تاماق يېمەمسىز ؟ بۇنداق قىلىۋەرسىڭىز قانداق بولىدۇ ، قارىڭا ئورۇقلاپ كەتكىنىڭىزنى ، ھەممىسى ۋاقتى قارايدا تاماق يېمىگەنلىكىڭىزدىن . . .

ــ قورسىقىم ئاچمىدى دېدىمغۇ ، يېگۈم كەلگەندە ئۆزۈم ئېتىپ يەيمەن .

ۋاڭ ئانا بېشىنى چايقىغىنىچە جايىدا تۇرۇپلا قالدى . ئۇ چى ئائىلىسىگە كەلگەن بەش يىلدىن بۇيان ، خېنىمنىڭ ئىنتلار بىلەن بىللە بولغان ۋاقىتلاردىن باشقا چاغلاردا ، بىرەر قېتىممۇ ئېچىلىپ ـ يېيىلىپ كۈلۈپ باققىنىنى كۆرمىدى . يىگىرمە ياشلارغا كىرىپ قالغان قىز ، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق غەمكىن ، مەيۇس يۈرۈيدىغاندۇ ؟ ئانىسى بالدۇر تۇ-

گەپ كەتكەن ، دادىسى ئالدىراش بولغاچقا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغۇدەك ۋاقتى يوقمۇ دەيلى ، لېكىن ھازىر تۇرمۇشتا بۇنداق ئەھۋاللار كۆپقۇ ؟ شۇنداق ئەمەسمۇ ؟ ياشلارنىڭ ئۆزىگە خاس تۇرمۇش ئۇسۇلى بارغۇ ، بەلكىم بۇلارنى بۇ قېرى مەزلۇم چۈشەنمەيدىغاندۇ .

چى شياۋيىن ئۆزىنىڭ ۋاننىسىدا بايىلا تالادىن ئېلىپ كىرگەن كىچىك ئاق كۈچۈكنى يۇيۇۋاتقانىدى . كۈچۈك ، قورسىقى ئاچ ، ماغدۇرى يوقمۇ ياكى ئۇنىڭ ياخشى كۆڭلىنى چۈشەنمەيۋاتامدۇ ، ئەيتاۋۇر ياۋاش- لىق بىلەن ئۇنىڭ يۇيۇپ - تاراشلىرىغا چىداپ جىمجىت تۇراتتى . پە- قەت كۆزلىرىگە سۇ كىرىپ كەتكەندىلا ، بېشىنى سىلكىپ - سىلكىپ قوياتتى .

كۈچۈكنىڭ قورسىقىدا بىر يارا بولۇپ ، چى شياۋيىننىڭ قولى يارىغا تېگىپ كەتسە كۈچۈك تولغىنىپ كېتەتتى

— ئاغرىۋاتقاندۇ - ھە ؟ — دېدى ئۇ ئىچ ئاغرىتقان ھالدا ، — چوڭ ئىتلار بوزەك قىلدىمۇ ؟ سەن كىچىك تۇرساڭ ئەلۋەتتە ئۇلارغا تەڭ كېلەلمەيسەن ، شۇڭا يارىلاندىڭ ، شۇنداقمۇ ؟

ئاق كۈچۈك كۆزلىرىنى ئادەمنىڭ ئىچىنى ئاغرىتقىدەك مۆلدۈرلە- تىپ ئۇنىڭغا قارىدى .

— بولدى ، مەن بىلدىم ، سەل تۇرۇپ ياراڭغا دورا سۈركەپ قو- ياي . ئاندىن تاماق بېرەي . قېنىپ بىر ئۇخلىۋالغىن ، — ئۇنىڭ قولى ئىشتا ، ئاغزىمۇ جىم تۇرمايتتى ، — بىلەمسەن ، ئىلگىرى مەن بىر ئىت باققانىدىم .ئىسمى « بەي بەي » ئىدى . ئۇ ئۆلۈپ قالدى . سەن ئۇنىڭغا قۇيۇپ قويغاندەك ئوخشايسەن ، قاپقارا كۆزۈڭ ۋە بۇرنۇڭدىن باشقا ھەممە يېرىڭ قاردەك ئاق . شۇڭا مەن سېنىمۇ « بەي بەي » دەپ چا- قىراي . بولامدۇ ؟

كۈچۈك ئۇنىڭ قوللىرىنى يالاپ قويدى . چى شياۋيىن رازىمەن- لىك بىلەن كۈلدى :

— ئۇنداقتا سەن قوشۇلدۇڭمۇ ؟ ئەمەلىيەتتىمۇ بۇ ناھايىتى چىرايلىق ئىسىم . « پاڭ پاڭ » چوقۇم سېنى ياخشى كۆرۈپ قالىدۇ .

چۈنكى سىلەرنىڭ ئىسمىڭلارنى قوشقاندا « بەي بەي ، پاڭ پاڭ » [1] بو-
لىدۇ ئەمەسمۇ . بۇ ئىسىم ئىنتايىن بەختىيارلىق تۇيغۇسى بەخش ئېتىدۇ
يەنە « كۇەي كۇەي » بىلەن « لې لې » ، « كەي كەي » بىلەن « شىن
شىن » لار بار . ئۇلارنىڭ ھەممىسى سېنىڭ دوستلىرىڭ ، مېنىڭ سى-
لەرگە بۇنداق غەلىتە ئىسىملارنى قويۇشۇمدىكى سەۋەب شۇكى ، سىلەرنى
بۇ يەردە مەڭگۈ بەختلىك ، خۇشال - خۇرام ، ئايرىلماي ئۆتسىكەن دەي-
مەن . مەن سىلەرنىڭ سىرتلادا سەرگەردان بولۇپ يۈرگەن پاسكىنا
تۇرقىڭلارنى كۆرۈشنى خالىمايمەن ، بىلدىڭمۇ ؟

ئىت پەس ئاۋازدا قاۋاپ قويىدى .

چى شاۋيىن ئۇنى سىلاپ تۇرۇپ :

— بوپتۇ ئەمىسە ، مەن سېنى قۇرۇتۇپ قوياي ، ئاندىن دوستلى-
رىڭ بىلەن تونۇشتۇراي ، بىرگە تاماق يەڭلار ، — دېدى .

ئۇ تـوك قـۇرۇتقۇچ بىلەن كۇچۇكنىڭ تۈكلىرىنى قۇرۇتتى ، تا-
غاق بىلەن تارىدى ، ئاندىن ئازراق ئەتىر چېچىپ قويىدى . يارىسىغا دورا
سۈركەشنىمۇ ئۇنتۇپ قالمىدى ، ئەلۋەتتە .

— بولدى « بەي بەي » ناھايىتى مېزىلىك پۇراپ كەتتىڭ ، ھە-
دەڭ ساڭا تاماق بەرسۇن ھە .

كـۈن غەربكە ئولتۇردى ، داچا سىرتىدىكى قورودا ، قارا - ئاق ،
چوڭ - كىچىك ، تۈكلىرى ئۇزۇن ۋە قىسقا ئىتلار ئىككى - ئۈچتىن بو-
لۇشۇپ يۇگۈرۈشۈپ يۈرۈشەتتى . چى شياۋيىن « بەي بەي » ۋە بىر
خـالتا ئىت يېمىنى كۆتۈرۈپ قورۇغا چىقىشىغا ئون نەچچە ئىت ئۇنىڭ
چۆرىسىگە ئولاشتى ، چوڭ ئىتلار تېخى ئۇنى يېقىتىۋېتىدىغاندەك ئىگىز
سەكرەشتى .

— بولدى ، بولدى ، ھەممىڭلارنىڭ قورسىقى ئېچىپتۇ . ياۋاشلىق
بىلەن ئولتۇرۇڭلار . سىلەرگە تاماق ئەكەلدىم .

ئىتلار بىر - بىرلەپ زوڭزايدى ، ھەتتا شۇنداق رەتلىك ئول-
تۇردى .

---

① « ئاپئاق - سېمىز » دېگەن مەنىدە .

چى شياۋيىن قولىدىكى « بەي بەي » نى يەرگە قويدى :

— بارغىن ، سەنمۇ بېرىپ ئولتۇر . بەي بەي ھېلى ئىتلارغا ، ھېلى ئۇنىڭغا قاراپ قويۇپ ، جايىدىلا ئوڭدىسىغا يېتىۋالدى .

چى شياۋيىن قاقاقلاپ كۈلگىنىچە :

— قارىغاندا بۇ ئىشلارنى ساڭا باشقا بىر كۈنى ياخشىراق ئۆ- گەتمىسەم بولمىغۇدەك ، — دېدى .

ئۇ يېمەكلىكنى تۆت چوڭ ئۇزۇنچاق يالاققا تۆكتى . چوڭ ئىتلار ئۈچ يالاقتىكىنى ، كۈچۈكلەر ئاز بولغاچقا بىر يالاقتىكىنى يەيتتى .

تېخى بۇيرۇق بېرىلمىگەچكە ئىتلار نەپسى تاقىلداپ كەتكەن بولسىمۇ مىدىرلاشقا پېتىنالمىدى ، پەقەت يېڭىدىن قوشۇلغان ئاق كۈ- چۈكلا ھېچنېمىگە قارىماي يالاق يېنىغا بېرىپ يېيىشكە باشلىدى .

چى شياۋيىن ئىلاجسىز كۈلۈپ :

— بوپتۇ ، يېڭى كەلگەندىكىن بۇگۈن شۇنداق بولسۇن ، لېكىن مۇشۇ بىر قېتىملا ھە ! ئەتىدىن باشلاپ ھەمراھلىرىڭ بىلەن بىرگە يەي- سەن ، — دېدى .

ئۇ قولى بىلەن ئىتلارغا تاماق يېيىش بۇيرۇقىنى بەردى .

قاراڭغۇ چۈشتى ، ئۆيلەرگە چىراغ يېقىلدى . چى شياۋيىنگە نىسبەتەن پەقەت مۇشۇ ھويلىلا ئەڭ ئىللىق جاي ئىدى .

× × ×

فاڭ لىفەن ئاتا ـ ئانىسىنىڭ قەبرىسىگە بىردەستە گۈلنى قويدى . يەرگە يۈكۈنۈپ ھۆرمەت بىلەن تەزىم قىلدى .

— دادا ، ئانا ، ئوغلۇڭلار سىلەرنىڭ ۋەسىيىتىڭلارنى ئورۇنداش ئالدىدا تۇرىدۇ . سىلەر بۇنى بىلسەڭلار چوقۇم ئىنتايىن خۇشال بولىسى- لەر، سىلەرنى شۇنچە ئۇزۇن يىل ساقلىتىپ قويدۇم . ئوغلۇڭلارنى ئەپۇ قىلارسىلەر .

ئۇ يەنە بىر قېتىم باش ئۇرۇپ ئاندىن ئورنىدىن تۇردى .



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com